# شنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 9 ـ ئاي

2

چارشەنبە

维吾尔文 9 月2日

新疆日报网: www.xjdaily.com شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65−0002/−W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25172 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلارغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چوڭ تىنتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدۇ

## شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى قاتنىشىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىق خاتىرە كۈنى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى پايتەختتىكى ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى خاتىرە سارىيىدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلارغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىدۇ.

شۇ ۋاقىتتا، مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى نەق مەيداندىن بىۋاسىتە تارقىتىدۇ.

## شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 15 ـ قېتىملىق يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ ئىچىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلەش كېرەك

### لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شى جىنپىڭ 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 15 ـ قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېزدىن شەكىللەندۈرۈش دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى، مۇھىتى، شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن چىقىرىلغان ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر، پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك سىستېمىلىق، چوڭقۇر قاتلاملىق ئۆزگىرىش. ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچلۇق تەدبىردىن داۋاملىق تولۇق ياخشى پايدىلىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، بوران ـ چاپقۇنغا پەرۋا قىلمايدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى چۆرىدەپ، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا، بىزنىڭ روشەن تۈزۈم ئەۋزەللىكىمىز ۋە پۇختا ئىسلاھات ئاساسىمىز بار. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىز يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشنى چۆرىدەپ بىر قاتار مۇھىم زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر قاتار نەزەرىيە نەتىجىلىرى، تۈزۈم نەتىجىلىرى، ئەمەلىيەت نەتىجىلىرىنى شەكىللەندۈردۇق. بۇ ئىسلاھات نەتىجىلىرىنى ياخشى تەتبىقلاپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتا سالماقنى زورايتىپ، ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى كېڭەيتىپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەيدىغان قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىرقى ۋەزىيەتتە، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىن يىغىنى ئېچىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھەققىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

### شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىن يىغىنى ئېچىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىندا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىندا دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

چېن چۈەنگو سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى باسقۇچلۇق نەتىجە ـ ئۈنۈم يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش باسقۇچىغا كىردى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپى تېز ئەسلىگە كەلدى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تەستە قولغا كەلگەن بۇ نەتىجىنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەققىي كۈچەيتىپ، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش ئالدىنقى شەرتتە، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)



**كۆزلۈك يىغىمدىكى ئالدىراشچىلىق**

8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، كوپېراتىپ ئەزالىرى ئۈزۈم ئۈزمەكتە. بىڭتۇەن 6 ـ شىسى 101 ـ تۇەنى شۇاڭشى تېرىقچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئۈزۈمچىلىك بازىسىدا ياڭگۇاڭ مېيگۇي، خۇڭتى قاتارلىق ئون نەچچە خىل ئۈزۈم سورتى ئۆستۈرۈلۈپ، بىرتۇتاش ئۆستۈرۈش، بىرتۇتاش سېتىش يولغا قويۇلۇپ، كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى. □ ۋېي شىنجياڭ فوتوسى

دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېنېرگىيە تەمىناتى مۇقىملىق ئاساسىدا ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **چېن چياڭۋېي، ما يىنىڭ** خەۋەر قىلدۇ: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئېنېرگىيە كارخانىلىرى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئىشلەپچىقىرىش، تەجرىبىنى بىخەتەر، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇپ، كۆمۈر، نېفىت، ئېلېكتر ئېنېرگىيە قاتارلىق ئاساسلىق ئېنېرگىيە تەمىناتىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ئالدىنقى يەتتە ئايدا، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى توك سېتىش مىقدارىنى 74 مىليارد 782 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.12% ئاشتى. پۈتۈن شىنجاڭنى توك بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ شىركەت مۇھىم لىنىيە ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئالاھىدە چارلاپ كۆزىتىشنى كۈچەيتىپ، 14 مىڭ 400 توك بىلەن تەمىنلەش خىزمەتچىسى، 1000دىن ئارتۇق جىددىي رېمونت قىلىش ئاپتوموبىلى 24 سائەت بۆيرۇق كۈتۈپ، ئېلېكتر تورىنىڭ بىخەتەر ئايلىنىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

خۇانېڭ شىنجاڭ ئېنېرگىيە تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش قىلىشنى تەشكىللەش، تىجارەت باشقۇرۇشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى تەڭشەپ تۈزۈپ چىقتى، ئالدىنقى يەتتە ئايدا،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)




# بادام پىشتى دېھقانلار شادلاندى

خاس تېرىقچىلىققا قانداق كۈچەش كېرەك ⑦

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز رايىدە

8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، يەكەن ناھىيەسى ئارال يېزىسىنىڭ بۆلۈمە كەنتىدىكى 1000 مولۇق بادام ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىدا، بادامlar تولۇق پىشقاندى، ئالتۇن رەڭلىك بادامlar بۇ يىللىق مول ھوسۇلدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

كەنت ئاھالىسى گۈلنىسا روزى 15 مو بادامىلىقىغا قاراپ كۆڭلىدىكى خۇشاللىقنى باسالمىغان ھالدا: «ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن كۆپ مېۋە بەردى، بۇ يىل قانداقلا بولمىسۇن 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپقىلى بولىدۇ» دېدى.

يەكەن ناھىيەسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ بادام ئۆستۈرۈش بازىسى، ھازىر بادام ئۆستۈرۈلگەن كۆلەم 923 مىڭ مو بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئومۇمىي باغ كۆلىمىنىڭ 66.4%نى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي بادامىلىق كۆلىمىنىڭ 95%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، بادام ئۆستۈرگەنلەر 120 مىڭ ئادەمدىن ئاشىدۇ.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

**داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇش**

شىنجاڭ دۆلىتىمىزدىكى بىردىنبىر بادام ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايون، بادام ئۆستۈرۈشنىڭ رايون خاراكتېرلىكى كۈچلۈك، ئۈلچەملەشكەن بازا قۇرۇلۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن ناھىيەسى، يېڭىسار ناھىيەسى قاتارلىق جايلاردا بادام ئەۋزەللىك رايونى قۇرۇلۇشنى مۇستەھكەملەش، يۈكسەلدۈرۈش كېرەك. سوغۇققا چىدامىلىق سورتلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈشنى زورايتىپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم ناھىيە، شەھەرلەردە سىناق تەرىقىسىدە كېڭەيتىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. 2022 ـ يىلغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بادام ئۆستۈرۈلگەن كۆلەم 1 مىليون 100 مىڭ مو ئەتراپىغا، ھوسۇلى 100 مىڭ توننا ئەتراپىغا يېتىدۇ.




## ئاپتونوم رايونىمىز تىجارەت ـ سودا مۇھىتىغا چېتىلىدىغان بىر تۈركۈم ھۆججەتنى بىكار قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈڭفېي** خەۋەر قىلدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «تىجارەت ـ سودا مۇھىتىغا چېتىلىدىغان بىر تۈركۈم مەمۇرىي قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەت ۋە باشقا سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىغا چېتىلىدىغان مەمۇرىي قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەت ۋە باشقا سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەتتىن 13 پارچىنى بىكار قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەمۇرىي تەستىقنى ئىخچاملاپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 12 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

### كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بەش يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 12 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)